# ئەمەلىي جەڭ ھەربىي مەشىقىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، مەشىق سەۋىيەسى ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

كومىتېت قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىي جەڭ ھەربىي مەشىقىنى ئالغا سىلجىتتى، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ھەربىي مەشىقنى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، ئەمەلىي جەڭ ئەمەلىي مەشىقنى نۇقتىلىق ئالغا سىلجىتتى، بىرلەشمە جەڭ بىرلەشمە مەشىقنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى، مەشىق ساھەسىدىكى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش بويىچە ماھارەت كۆرسىتىشنى كەڭ كۆلەمدە ئالغا سىلجىتتى. ئارمىيەمىز ھەربىي مەشىقنى ئەمەلىي ئۇرۇشقا يېقىنلاشتۇرۇش، ئەمەلىي ئۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە ئالدىنقى قاراپ چوڭ بىر قەدەم ئېلىپ، ئۇزاقتىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر قىسىم گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا تىرەك بولدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ خەۋپسىزلىك مۇھىتى، ھەربىي كۈرەش ۋەزىيىتى، ئارمىيەمىزنىڭ بۇرچ - ۋەزىپىسى، زامانىۋى ئۇرۇش ھالىتى، ئارمىيەمىزنىڭ تەشكىلىي ھالىتى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشان ۋەزىپىسىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ ھەربىي مەشىقى ھەر تەرەپلىمە ئۆزگىرىش بولۇش، بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يېڭى باسقۇچقا كىردى. يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپنى ئىگىلەپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەربىي مەشىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، ھەربىي مەشىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىشنى پۈختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئۇرۇش بىلەن مەشىقنىڭ بىردەكلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇرۇش ئارقىلىق مەشىققە يېتەكچىلىك قىلىش، مەشىق ئارقىلىق ئۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي جەڭ تەلىپى بويىچە مەشىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇرۇش قىلىش بىلەن مەشىق قىلىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بىرلەشمە مەشىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرلەشمە مەشىقنى تۇتقا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئۆزگىچە بىرلەشمە مەشىق سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈرۈش كېرەك. مەشىق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئالاقىدار قانۇن - نىزام، تۈزۈم ۋە ئۆلچەم، ۋاستە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تولۇق دەۋرىيلىك، ئىنچىكىلەشكەن مەشىق باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى جابدۇق، يېڭى كۈچ، يېڭى ساھە مەشىقىنى كۈچەيتىپ، ئىلغار مەشىق ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەشىقنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش كېرەك. مەشىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇھىم ئامىللارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈشنىڭ ئەينەن مۇھىتىنى لايىھەلەپ يارىتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك مەشىق كاپالىتى سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىش كېرەك. ئىختىساسلىقلار تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەربىي مەكتەپ مائارىپى، قىسىملارنىڭ مەشىق ئەمەلىيىتى، ھەربىي ئىشلار كەسپىي مائارىپىنىڭ ئۈنۋېرسال ئادەم تەربىيەلەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم كەسىپ ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ سۈبىيېكتلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، ھەربىي ئىشلار دېموكراتىيەسىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بېرىپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. جاپالىق، قاتتىق مەشىقتە، ئەمەلىي جەڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇھىتتا، كەسكىن، مۇرەككەپ ھەربىي ئىشلار كۈرەشىدە قىسمىنى مەشىقلەندۈرۈپ ۋە چېنىقتۇرۇپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى غايە، ئېتىقادنى چىڭىتىشقا، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشقا، كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى تاۋلاشقا يېتەكلەپ، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش روھىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ ھەربىي مەشىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەربىي مەشىق خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئەمەلىي جەڭنى چۆرىدەپ مەشىقنى تۇتۇپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولغان خىزمەت يۆنىلىشى، ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى، سىياسەت يۆنىلىشى، ئاممىۋى پىكىر يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. قاتتىق بولغان مەشىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قاتلاممۇ قاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش كېرەك. پارتىيە كومىتېتىنىڭ جەڭنى مۇھاكىمە قىلىش، مەشىقنى مۇھاكىمە قىلىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەشىققە يېتەكچىلىك قىلىشنى ۋە خىزمەت شەكلىنى ياخشىلاپ، مەشىقنى تۇتۇشنىڭ ئۈنۈملۈكلىكى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مەشىق جەريانىدىكى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى چوڭقۇر تۈزەپ، مەشىق ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلار زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ، ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ، جەڭ قىلىشنى تەتقىق قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشنى چۈشىنىپ، قوماندانلىق قىلىشنى بىلىپ، مەشىقنى تەشكىللەشكە ماھىر بولۇپ، مەشىقنى ھەقىقىي تۇتۇپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇننى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەربىي مەشىقنى ياخشى تۇتۇش پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، ھەربىي كومىتېت بىرتۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ئالاقىدار تارماقلار بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى ياخشى قىلىشى، ھەرقايسى تەرەپلەر ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەشىق مەيدانى قۇرۇلۇشى، مەشىق بايلىقى كاپالىتى، مەشىق مېيىپلىك نەپىقىسى، مانېۋىر ۋەزىپىسى زىددىيىتىنى پەسەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچلۈك مەدەت بېرىپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش سەۋىيەسىنى بىرلىكتە ئۆستۈرۈشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا «مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ھەربىي مەشىقتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى»نى ئوقۇدى، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ھەربىي مەشىقتىكى ئون ئىلغار ئورۇن، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ھەربىي مەشىقتىكى 23 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار تەقدىرلەنگەن ئوبيېكتلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن يىغىنغا قاتناشتى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ھەرقايسى چوڭ ئورۇنلىرىدىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانى تەكلىپىنى ئىلمىي تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە تىرىشىپ كۈچ سەرپ قىلىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى شىنجاڭنىڭ كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيەسىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىنلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت - ماكانىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، ئىچكى قۇرۇلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش، ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلاش، ئەلالاشتۇرۇش، كۈچەيتىشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئادەمنى يادرو قىلغان شەھەر - بازارلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سودا - تىجارەت مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، خەلققە پايدىلىق، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى خىزمەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك. شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىنى مەردانىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك. بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، «بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، مۇقىملىقنى قوغداش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى قوللاپ، تەشكىللەش ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە رىغبەتلەندۈردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «دۆلىتىمىز خەلق ئۆزىگە ئىگە بولىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت، پارتىيە ۋە دۆلەت باشتىن - ئاخىر جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى، باشتىن - ئاخىر ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، باشتىن - ئاخىر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.» ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە رەھبەرلىكىدە دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىسى ۋەتەن بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، «بىز ئىشچىلارنىڭ كۈچىمىز بار» دېگەن ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭراتتى، ھەرقايسى سەپلەردە قەھرىمانلار كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كەلدى، ئىلغار نەمۇنىچىلار نۇر چاچتى. بولۇپمۇ يېڭى دەۋرگە كىرگەندىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىسى جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەقىل - پاراسىتى ۋە قان - تەرى بىلەن ئەمگەك شەرەپلىك، بىلىم يۈكسەك، ئىختىساسلىقلار قىممەتلىك، ئىجاد قىلىش ئۇلۇغ دەيدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى يارىتىپ، «جۇڭگو ئارزۇسى ـــ ئەمگەك گۈزەل» يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقتى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ھەيۋەتلىك كۈرەشتە، زور بىر تۈركۈم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر بارلىققا كەلدى، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىر نىيەتتە بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، تەقدىرداش بولۇشتەك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى تاۋلىدى، ئۇلار يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار بولۇشقا مۇناسىپ! ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، زامانىمىزدىكى جۇڭگودا ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىسى باشتىن - ئاخىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان تۈپ كۈچ بولۇپ كەلدى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى مىللەتنىڭ سەرخىللىرى، خەلقنىڭ ئۆلگىلىرى، جۇمھۇرىيەتنىڭ تۆھپىكارلىرى!

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا. ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى زور پەللىگە كۆتۈرۈلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى بىر چوڭ قەدەم تاشلاندى. 2021 - يىلدىن باشلاپ، دۆلىتىمىز «14 - بەش يىل» مەزگىلىگە كىرىدۇ، بۇ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان تۇنجى بەش يىل. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا، جەزمەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىغا چىڭ تايىنىپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىش كېرەك.» پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا تۈزۈپ چىقىلغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىز جەزمەن ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، تارىخ بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، قان - تەرىمىز بىلەن سۇغىرىپ ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ پۇختا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلار ناخشىسىنى ياڭرىتىشىمىز كېرەك. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر چوڭ قوشۇنى قۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

شەرەپ ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ، بەخت ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىجاد قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە دەۋر يېڭى شان - شەرىپىنى يارىتىپ، يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)**